بسم الله الرحمن الرحيم

# ئىسلام ئاۋازى گېزىتى

60- سان

قوش ھەپتىلىك گېزىت

ھىجرىيە: 1440/05/24

مىلادىيە: 2019/03/01

ئىسلام ئاۋازى
ISLAM AWAZI

ئىسلام ئاۋازى تەشۋىقات بۆلۈمى

http://www.muhsinlar.com  t.me/@eserler  t.me/@islamawazi

## بۇلاقتىن تامچە

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَقَدْ نَصَرَكُمُ اللَّهُ فِي مَوَاطِنَ كَثِيرَةٍ وَيَوْمَ حُنَيْنٍ إِذْ أَعْجَبَتْكُمْ كَثْرَتُكُمْ فَلَمْ تُغْنِ عَنْكُمْ شَيْئًا وَضَاقَتْ عَلَيْكُمُ الْأَرْضُ بِمَا رَحُبَتْ ثُمَّ وَلَّيْتُمْ مُدْبِرِينَ﴾ «الله سىلەرگە نۇرغۇن جەڭ مەيدانلىرىدا ۋە ھۇنەين كۈنىدە (يەنى جېڭىدە) ھەقىقەتەن ياردەم بەردى. ئەينى ۋاقىتتا سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكىدىن خۇشاللىنىپ كەتتىڭلار (يەنى بۈگۈن بىزنىڭ سانىمىز كۆپ، مەغلۇپ بولمايمىز دېدىڭلار، بۇ چاغدا سىلەرنىڭ سانىڭلار 12 مىڭ، دۈشمىنىڭلارنىڭ سانى 4000 ئىدى)، سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكى سىلەرگە قىلچە ئەسقاتمىدى. (قاتتىق قورقىنىڭلاردىن) كەڭ زېمىن سىلەرگە تار تۇيۇلدى. ئاندىن (مەغلۇپ بولۇپ، رەسۇلۇللاھنى ئازغىنا مۇئمىنلەر بىلەن تاشلاپ) ئارقاڭلارغا قاراپ قاچتىڭلار» (سۈرە تەۋبە 25- ئايەت).

### ئايەتنىڭ تەپسىرى

الله تعالى بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ مۇئمىن بەندىلىرىگە ئەسلىتىپ تۇرۇپ، ئۇلارغا نۇرغۇن جەڭلەردە ياردەم بەرگەنلىكىنى، ھەتتاكى ئىنتايىن ئېغىرچىلىق بولۇپ كەتكەن ھۇنەيىن* كۈنىدىمۇ ياردەم بەرگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئۇلار (يەنى مۇئمىنلەر) بۇ جەڭدە شۇ دەرىجىدە ياردەمسىز قالغانلىقىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ جەڭ مەيدانىدىن شۇ دەرىجىدە قاچقانلىقىنى كۆرۈشتىكى، ھەتتا شۇنچە كەڭ زېمىن ئۇلارغا تار تۇيۇلۇپ كەتتى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مەككىنى فەتھى قىلغاندا ھەۋازىن قەبىلىسىنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺگە قارشى جەڭ قىلىش ئۈچۈن قوشۇن توپلىغانلىقىنى ئاڭلىدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ مەككىنى فەتھى قىلغان ئەسھابلىرىنى باشلاپ ئۇلار تەرەپكە يۈرۈش قىلدى. ئۇ قوشۇننىڭ ئىچىدە مەككە فەتھىسىدە مۇسۇلمان بولغان ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ تەرىپىدىن ئازاد قىلىۋېتىلگەن مەككىلىكلەرمۇ بار ئىدى. مۇسۇلمان قوشۇنىنىڭ سانى جەمئىي 12 مىڭ، مۇشرىكلارنىڭ سانى 4000 ئىدى. بەزى مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكىدىن مەغرۇرلاندى ۋە: «بۈگۈن بىزنىڭ سانىمىز جىق بولغانلىقى ئۈچۈن ھەرگىز مەغلۇپ بولمايمىز» دېيىشتى. ئۇلار ھەۋازىن قەبىلىسى بىلەن روبىرو ئۇچراشقاندا، ھەۋازىن قەبىلىسى ئۇلارغا بىرلا ھۇجۇم قىلىۋېدى، مۇسۇلمانلار مەغلۇپ بولۇپ بىر-بىرىگە قارىماستىن قېچىشتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىرگە 100 ئەتراپىدىكى كىشىلەردىن باشقا ھېچكىم قالمىدى. بۇ كىشىلەر رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىللە مۇستەھكەم تۇرۇپ مۇشرىكلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ﷺ قېچىرىنى مۇشرىكلار تەرەپكە قاراپ چاپتۇردى. ئۇ كېتىۋېتىپ: «مەن پەيغەمبەرمەن، يالغانچى ئەمەسمەن، مەن ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ئوغلىدۇرمەن» دەيتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ مەغلۇبىيىتىنى كۆرۈپ، ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىبنى ئەنسارىلارغا ۋە قالغان مۇسۇلمانلارغا نىدا قىلىشقا بۇيرۇدى. چۈنكى ئابباسنىڭ ئاۋازى ئىنتايىن يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنى مۇسۇلمانلارنى چاقىرىشقا بۇيرۇغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئابباس: «ئى دەرەخ ئىگىلىرى (يەنى دەرەخ ئاستىدا رىزۋان بەيئىتى قىلغانلار)! ئى سۈرە بەقەرەنىڭ ئەھلى!» دەپ توۋلىدى. مۇسۇلمانلار ئابباسنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ بىر-بىرلەپ قايتىپ كېلىشكە باشلىدى ۋە مۇشرىكلارغا قارشى قاتتىق مۇستەھكەم تۇرۇپ جەڭ قىلىشتى، نەتىجىدە الله تعالى مۇشرىكلارنى ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. مۇسۇلمانلار مۇشرىكلارنىڭ بارگاھلىرىنى، ئاياللىرىنى ۋە مال-مۈلۈكلىرىنى ئىگىلىدى. مانا بۇ الله تعالىنىڭ مۇشۇ ئايەتتىكى «الله سىلەرگە نۇرغۇن جەڭ مەيدانلىرىدا ۋە ھۇنەيىن كۈنىدە (يەنى جېڭىدە) ھەقىقەتەن ياردەم بەردى» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىدۇر.

«ئەينى ۋاقىتتا سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكىدىن خۇشاللىنىپ كەتتىڭلار (يەنى بۈگۈن بىزنىڭ سانىمىز كۆپ، مەغلۇب بولمايمىز دېدىڭلار، بۇ چاغدا سىلەرنىڭ سانىڭلار 12 مىڭ، دۈشمىنىڭلارنىڭ سانى 4000 ئىدى)، سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكى سىلەرگە قىلچە ئەسقاتمىدى». يەنى سىلەرنىڭ سانىڭلار ھېچنېمىگە ئەسقاتمىدى. «(قاتتىق قورقىنىڭلاردىن) كەڭ زېمىن سىلەرگە تار تۇيۇلدى». يەنى، سىلەر مەغلۇب بولغان چاغدا سىلەرگە ئېغىر قىيىنچىلىق ۋە غەم-قايغۇ مۇسەللەت بولدى. ھالبۇكى، زېمىن شۇنداق كەڭرى تۇرۇقلۇق، بۇ زېمىن سىلەرگە تار تۇيۇلدى. «ئاندىن (مەغلۇپ بولۇپ، رەسۇلۇللاھنى ئازغىنا مۇئمىنلەر بىلەن تاشلاپ) ئارقاڭلارغا قاراپ قاچتىڭلار». يەنى سىلەر مەغلۇپ بولغان ھالەتتە قېچىشتىڭلار.

﴿ثُمَّ أَنْزَلَ اللَّهُ سَكِينَتَهُ عَلَى رَسُولِهِ وَعَلَى الْمُؤْمِنِينَ وَأَنْزَلَ جُنُودًا لَمْ تَرَوْهَا وَعَذَّبَ الَّذِينَ كَفَرُوا وَذَلِكَ جَزَاءُ الْكَافِرِينَ﴾ «ئاندىن الله پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە (مەرھەمەت قىلىپ) خاتىرجەملىك بېغىشلىدى، سىلەرگە قوشۇنلارنى (يەنى سىلەرگە ياردەمگە پەرىشتىلەرنى) چۈشۈردى، ئۇلارنى سىلەر كۆرمىدىڭلار (شۇنىڭ بىلەن سىلەر غەلىبە قىلدىڭلار)، الله كاپىرلارنى (ئۆلتۈرۈش ۋە ئەسىر ئېلىنىش بىلەن) ئازابلىدى، كاپىرلارنىڭ جازاسى ئەنە شۇ» (سۈرە تەۋبە 26- ئايەت).

«ئاندىن الله پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە (مەرھەمەت قىلىپ) خاتىرجەملىك بېغىشلىدى». يەنى بۇ يەردىكى «خاتىرجەملىك» دېگىنىمىز — الله تعالى مۇئمىنلەرنىڭ قەلبلىرىدە پەيدا قىلغان بىر خىل ئاراملىق ۋە كۆڭۈل ئازادىلىك بولۇپ، بۇ — دەل مۇئمىنلەرنىڭ باشلىرىغا قاتتىق كۈلپەت چۈشكەن، پۈتۈن قەلبلەر چۆچۈگەن، قىيىنچىلىقلار ئېغىرلاشقان بىر پەيتتە اللهنىڭ قىلغان ئېھسانىدۇر. بۇ خىل خاتىرجەملىك مۇشۇنداق پەيتلەردە قەلبلەرنى مۇستەھكەم قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئارامبەخش بېغىشلايدۇ. مانا بۇ ئاراملىق — اللهنىڭ ئۆز بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان كاتتا نېئمەتلىرىنىڭ قاتارىدىندۇر.

«الله سىلەرگە قوشۇنلارنى (يەنى سىلەرگە ياردەمگە پەرىشتىلەرنى) چۈشۈردى، ئۇلارنى سىلەر كۆرمىدىڭلار (شۇنىڭ بىلەن سىلەر غەلىبە قىلدىڭلار)». ئۇلار پەرىشتىلەر بولۇپ، الله تعالى ھۇنەيىن كۈنى مۇسۇلمانلارغا ياردەم بىرىش ئۈچۈن پەرىشتىلەرنى چۈشۈردى. بۇ پەرىشتىلەر مۇسۇلمانلارنى ساباتلىق قىلاتتى ۋە ئۇلارغا غەلىبە-نۇسرەت بىلەن بېشارەت بېرەتتى. «الله كاپىرلارنى (ئۆلتۈرۈش ۋە ئەسىر ئېلىنىش بىلەن) ئازابلىدى». يەنى الله تعالى كاپىرلارنى مەغلۇبىيەت، ئۆلتۈرۈلۈش، ئايال-بالىلىرىنى ۋە مال-مۈلۈكلىرىنى مۇسۇلمانلارغا غەنىيمەت قىلىپ بېرىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن ئازابلىدى. «كاپىرلارنىڭ جازاسى ئەنە شۇ». يەنى، الله تعالى ئۇلارنى دۇنيادا مۇشۇنداق ئازابلايدۇ، ئاخىرەتتە تېخىمۇ قاتتىق ئازابقا قايتۇرىدۇ.

﴿ثُمَّ يَتُوبُ اللَّهُ مِنْ بَعْدِ ذَلِكَ عَلَى مَنْ يَشَاءُ وَاللَّهُ غَفُورٌ رَحِيمٌ﴾ «شۇنىڭدىن كېيىن، الله خالىغان ئادەمگە تەۋبىنى نېسىپ قىلىدۇ (يەنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە مۇۋەپپەق قىلىدۇ). الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر» (سۈرە تەۋبە 27- ئايەت).

«شۇنىڭدىن كېيىن، الله خالىغان ئادەمگە تەۋبىنى نېسىپ قىلىدۇ (يەنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە مۇۋەپپەق قىلىدۇ)». يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ جەڭ قىلىشىغا دۇچار بولغان ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ قېشىغا تەۋبە قىلغان ھالەتتە كېلىپ مۇسۇلمان بولغان بۇ كىشىلەرگە الله تعالى ئۇلارنىڭ ماللىرى ۋە بالىلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ. «الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر». يەنى الله تعالى مەغپىرىتى ۋە رەھمىتى ئىنتايىن كەڭ بولغان زات بولۇپ، ئۇ تەۋبە قىلغانلارنىڭ ئېغىر گۇناھلىرىنىمۇ ئەپۇ قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى تەۋبىگە، تائەت-ئىبادەتكە مۇيەسسەر قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ تەۋبىلىرىنى قوبۇل قىلىپ جىنايەتلىرىنى كەچۈرۈۋېتىش ئارقىلىق ئۇلارغا رەھىم قىلىدۇ. شۇڭا ھېچبىر كىشى اللهنىڭ مەغپىرىتىدىن ۋە رەھمىتىدىن نائۈمىد بولمىسۇن، گەرچە ئۇ كىشى ھەر قانچە ئېغىر گۇناھ ۋە جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزگەن تەقدىردىمۇ ھەرگىزمۇ ئۈمىدسىزلەنمىسۇن.

### ئايەتتىن ئېلىنغان پايدىلار

بىرىنچى، يۇقىرىقى ئايەتلەر مۇئمىنلەرگە اللهنىڭ ئۇلارغا ئاتا قىلغان نۇرغۇن نېئمەتلىرىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇ نېئمەتلەر شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، الله تعالى ئۇلارغا نۇرغۇن جەڭ مەيدانلىرىدا ياردەم بەردى ۋە نۇسرەت پەقەت الله تەرەپتىنلا كېلىدىغانلىقىنى ئەسلەتتى. گاھىدا ئەقلىي پەرەز ۋە مۆلچەرلەشلەر خاتالىشىپ قالىدۇ. كۆپىنچە ھالدا سانى كۆپ بولغان كىشىلەر مەغلۇب بولۇپ، سانى ئاز بولغان كىشىلەر غەلىبە قىلىپ قالىدۇ. بۇ يەردە تايىنىدىغان بىردىنبىر نەرسە — الله تعالىنىڭ ئۆز بەندىلىرىگە بولغان كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ئۇلارنى قوللىشىدۇر. مانا بۇ — ھەرقانداق ئەسكىري ياكى ماددىي كۈچ-قۇۋۋەتتىن كۈچلۈك بولغان ئامىلدۇر.

ئىككىنچى، ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رحمه الله لار ئەبۇ قەتادە رضي الله عنه ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ساھابىلەردىن نەقىل قىلغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «كىمكى بىر دۈشمەننى ئۆلتۈرسە ۋە ئۇنى ئۆلتۈرگەنلىكىگە پاكىتى بولسا، ئۇنداقتا شۇ دۈشمەننىڭ ئۈستىۋېشىدىكى جابدۇقلىرى شۇ ئۆلتۈرگەن مۇسۇلمانغا بېرىلىدۇ» دېگەن. مانا مۇشۇ ھەدىسكە ئاساسەن ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ئەھمەدنىڭ مەزھىپىدىكى ئالىملار دېيىشتىكى: «رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ بۇ سۆزى تەبلىغ ۋە ۋەھىي ئۇسلۇبى بىلەن دېيىلگەن سۆز. شۇڭا بۇ ئەمىرنىڭ ئىزنىگە موھتاج بولمايدىغان دائىملىق ھۆكۈمدۇر». ھەنەفىي ۋە مالىكىي مەزھىپىدىكى ئالىملار: «بۇ ھۆكۈم رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ۋەھىي يولى بىلەن ئەمەس بەلكى خەلىپە (يەنى ئىمام) ۋە ئەمىر بولۇش شۇنداقلا سىياسەت سەۋەبلىك چىققان ھۆكۈم بولۇپ، مۇجاھىد كىشى ئۇ كاپىرنى ئۆلتۈرگەندە، ھەرقانداق جەڭدە كاپىرنىڭ جابدۇقلىرىغا ئىگە بولۇۋەرمەيدۇ. پەقەت شۇ ئىمام ۋە ئەمىر: <مۇشۇ كاپىرنىڭ جابدۇقى ساڭا قالدۇ> دەپ رۇخسەت قىلغان جەڭدىلا ئاندىن ئۇنىڭغا ھەقلىق بولىدۇ. مانا بۇ — ئىمام تەرەپتىن پەقەت ئىجتىھاد يولى بىلەنلا سادىر بولىدىغان ھۆكۈمدۇر. رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ بۇ ھۆكۈمنى پەقەت ھۇنەيىن كۈنىلا دېگەنلىكى بايان قىلىنغان، ھۇنەيىن غازىتىدىن باشقا غازاتلاردا رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇنداق دەپ باقمىغان» دېيىشتى.

ئۈچىنچى، ھۇنەيىن غازىتىدا رەسۇلۇللاھ ﷺ سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە دېگەن مۇشرىك كىشىدىن ساۋۇت-دۇبۇلغا ۋە قۇراللارنى ئارىيەت ئالغان بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ بۇنداق قىلغانلىقى — قۇرال-ياراقلارنى ئارىيەت ئالسا ۋە ئارىيەت ئېلىنغان شۇ نەرسىلەردىن ئۆرپ-ئادەتتە يولغا قويۇلغان دائىرىدە مەنپەئەتلىنىش دۇرۇس بولىدىغانلىقى ۋە ئەمىر بولغان كىشى ئېھتىياج تۇغۇلغاندا ئازراق مال-مۈلۈكنى باشقىلاردىن قەرز ئالسا دۇرۇس ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر.

تۆتىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ سەفۋان ئىبنى ئۇمەييەدىن قۇرال-ياراق ئارىيەت ئالغانلىق قىسسىدىن شۇ مەلۇم بولىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇرۇشتا سەفۋاندىن ياردەم سورىغان. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە شافىئىي رحمه الله لار: «مۇشرىكلارغا قارشى مۇشرىكلاردىن ياردەم سوراش گۇناھ ئەمەس، دۇرۇس. لېكىن ئىسلامنىڭ ھۆكمى غالىب بولغان بولۇش شەرتى ئاستىدا مۇشرىكلارغا قارشى مۇشرىكلاردىن ياردەم سوراش دۇرۇس. شېرىك ھاكىمىيىتى غالىب بولۇپ تۇرغان ۋاقىتلاردا ئۇلاردىن ياردەم سوراش يامان كۆرۈلىدۇ» دېگەن. ئىمام مالىك رحمه الله: «سەفۋاننىڭ ھۇنەيىن غازىتى ۋە تائىفقا چىقىشى رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بولمىغان. مەن مۇشرىكلارغا قارشى مۇشرىكلاردىن ياردەم سوراشنى دۇرۇس دەپ قارىمايمەن. لېكىن مۇشرىكلار خىزمەتچى، چاكار ياكى دېڭىزدا كېمە، قولۋاق ھەيدەيدىغان كىراكەش بولسا، بۇنى مۇسۇلمانلار ئۆزىگە ياللىغان بولسا دۇرۇس دەپ قارايمەن» دېگەن.

بەشىنچى، الله ئەززە ۋە جەللە بۇ ئايەتتە غەلىبە-نۇسرەتنىڭ ساننىڭ كۆپلۈكى بىلەن ئەمەس بەلكى پەقەت اللهنىڭ ياردىمى بىلەنلا قولغا كېلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. الله تعالى بۇ ھەقتە سۈرە ئال ئىمراننىڭ 160- ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر الله سىلەرگە ياردىمىنى تەرك ئەتسە، سىلەرگە اللهتىن باشقا كىم ياردەم بېرىدۇ؟!». ئىمتىھان قاتتىق ئېغىرلاشقاندا غەلىبە-نۇسرەتنىڭ كېلىشى بولسا كاتتا ئىلاھىي نېئمەتلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بۇ يەردە «ئېغىرلاشقان ئىمتىھان» دېگەندىن مەقسەت — مۇسۇلمانلار دۇچ كەلگەن ئېغىر قورقۇنچنى ھەتتاكى مۇسۇلمانلار يەر يۈزىدە ئۆزىنىڭ دۈشمىنىدىن قېچىشقا يارايدىغان بىر ئورۇن تاپالمىغۇدەك دەرىجىدىكى بىر قورقۇنچنى كۆرسىتىدۇ. مانا مۇشۇنداق ۋاقىتتا ياردەم ۋە نۇسرەت ساننىڭ كۆپلۈكىدە ئەمەس بەلكى الله تەرەپتىنلا بولىدۇ. شۇڭا الله تعالىغا قاتتىق تەۋەككۇل قىلىش لازىم.

ئالتىنچى، الله تعالى بۇ جەڭدە مۇئمىنلەرنىڭ قەلبىنى خاتىرجەم قىلىپ، ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى كەتكۈزۈۋېتىدىغان دىل ئاراملىقىنى ۋە خاتىرجەملىكنى چۈشۈردى. ھەتتاكى مۇسۇلمانلار قېچىپ بولغاندىن كېيىن، مۇشرىكلارغا قارشى جەڭ قىلىشقا يۈزلىنىپ، جەڭگە كىرىشكە جۈرئەت قىلالىدى. الله تعالى بۇ جەڭدە نۇرغۇن پەرىشتىلەرنى چۈشۈرگەن بولۇپ، ئۇ پەرىشتىلەر مۇئمىنلەرنىڭ

(ئاخىرى 2- بەتتە)

(بېشى 1- بەتتە)

دىللىرىغا مۇستەھكەملىك ۋە ساباتلىقنى تاشلاش ئارقىلىق مۇئمىنلەرنى كۈچەيتتى؛ كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ تاشلاش ئارقىلىق كاپىرلارنى تەۋرىتىپ قويدى. يەنى پەرىشتىلەر كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سېلىش ئارقىلىق كاپىرلار كۆرمەيدىغان جايدىن كاپىرلارنىڭ سېپىنى تەۋرەتتى، چۆچۈتتى ۋە جەڭ قىلماستىن كاپىرلارنىڭ مەغلۇپ بولۇشىغا سەۋەبچى بولدى. چۈنكى پەرىشتىلەر بەدر كۈنىدىن باشقا كۈنىدە جەڭ قىلىپ باقمىغان. يەنى ھۇنەيىن غازىتىدىن باشقا غازاتلاردا پەرىشتىلەر جەڭ قىلماستىن پەقەت كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سېلىش، مۇئمىنلەرنىڭ دىللىرىغا خاتىرجەملىكنى چۈشۈرۈپ بېشارەت بېرىش ئارقىلىق ياردەم قىلغان. ھەدىستە كېلىشىچە، بەنى نەسىر قەبىلىسىدىن بىر كىشى جەڭ ئاياغلاشقاندىن كېيىن مۇئمىنلەرگە: «قەيەردە ھېلىقى ئالا (ئاق ۋە قارا رەڭ ئارىلاشقان) ئاتلىقلار؟ بىز نۇرغۇن ئاق سەللىلىك كىشىلەرنى كۆردۇق. بىز ئۇ ئاق سەللىلىك كىشىلەرنىڭ ئىچىدە خۇددى ئاپئاق يۇلتۇزلۇق كىشىنىڭ يۈزىدىكى قارا مەڭگە ئوخشاش بوپ قالدۇق. بىزنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىمىز پەقەت ئۇلارنىڭ قولى بىلەن بولدىغۇ دەيمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ساھابىلەر بۇنى رەسۇلۇللاھ ﷺگە خەۋەر قىلىشتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئەنە شۇلار پەرىشتىلەر» دەپ جاۋاب بەردى.

يەتتىنچى، الله تعالى بۇ جەڭدە كاپىرلارنى مۇسۇلمانلارنىڭ قىلىچلىرى ئارقىلىق ئۆلتۈرۈش بىلەن ئازابلىدى. مانا بۇ — ئۇلارنىڭ دۇنيا ھاياتىدىكى تېگىشلىك جازاسى. ئاندىن الله تعالى مەغلۇب بولغانلارغا تەۋبە ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلدى. مەسىلەن، مالىك ئىبنى ئەۋف نەسرىيگە ئوخشاش. ئۇ ھۇنەيىن جېڭىدىكى كاپىرلارنىڭ باشلىقى ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە قەۋمىدىن نۇرغۇن كىشىلەر مۇسۇلمان بولدى. خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، ھۇنەيىن كۈنى ئۈچ ئىش يۈز بەردى:

1. اللەنىڭ ئۆز پەيغەمبىرى ۋە مۇئمىنلەرگە خاتىرجەملىكنى چۈشۈرۈشى؛

2. اللەنىڭ پەرىشتىلەردىن ئىبارەت قوشۇنلىرىنى چۈشۈرۈشى؛

3. اللەنىڭ كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈش، ئەسىرگە ئېلىش ۋە دېدەك قىلىش ئارقىلىق ئازابلىشى.

---

*ھۇنەيىن — مەككە بىلەن تائىف ئارىسىغا جايلاشقان، ئەنە شۇ ھۇنەيىن جېڭى يۈز بەرگەن جاينىڭ ئىسمى.

# دىنى ئەھكاملار

## ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ ئۆلچىمىدە كۇفرى (يەنى كاپىرلىق) ئىككى تۈرلۈكتۇر:

بىرىنچى، دىندىن چىقىرىۋەتكۈچى چوڭ كۇفرى

«چوڭ كۇفرى» دېگىنىمىز — ئىمانغا زىت كېلىدىغان، ئىسلامنى بىكار قىلىدىغان ۋە جەھەننەمدە مەڭگۈ قېلىشنى تەقەززا قىلىدىغان، ئېتىقاد بىلەن بولۇشىمۇ، سۆز بىلەن بولۇشىمۇ، ئىش-ھەرىكەت ئارقىلىق يۈز بېرىشىمۇ، شەك ئارقىلىق سادىر بولۇشىمۇ، بەزى پەرزلەرنى تەرك ئېتىش ئارقىلىق سادىر بولۇشىمۇ، يۈز ئۆرۈش ئارقىلىق سادىر بولۇشىمۇ ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىش ئارقىلىق سادىر بولۇشىمۇ مۇمكىن بولغان نەرسىلەر «چوڭ كۇفرى» دېيىلىدۇ.

چوڭ كۇفرى بىر نەچچە تۈرلۈك بولۇپ:

1. ئىنكار قىلىش ۋە يالغانغا چىقىرىش كۇفرىسى

ئىنكار كۇفرىسى زاھىرىي (يەنى ئېغىزدا) ۋە باتىنى (يەنى قەلبتە) بولىدۇ. مەسىلەن، پەيغەمبەرلەرنى «يالغانچى» دەپ ئېتىقاد قىلىش ۋە ئۇلار خەۋەر بەرگەن ھەقىقەتنى «رىئاللىققا خىلاپ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ» دەپ ئېتىقاد قىلىش — قەلبتە ئىنكار قىلىش كۇفرىسىدۇر. ئېغىزدا ئىنكار قىلىش كۇفرىسى دېگەندە، مەسىلەن، «پەيغەمبەر مۇھەممەد ﷺ ھەقىقەتكە خىلاپ بىر نەرسە ئېلىپ كەلدى» دەپ ئاغزاكى دەۋا قىلىش ياكى «الله تعالى بىر نەرسىنىڭ خاتالىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى ھارام قىلىپ قويدى» ياكى «ئۇنىڭ ھاراملىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى ھالال قىلىپ قويدى» دەپ دەۋا قىلىش قاتارلىقلار. بۇ خىل كۇفرىلىققا الله تعالى رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّنِ افْتَرَى عَلَى اللَّهِ كَذِبًا أَوْ كَذَّبَ بِالْحَقِّ لَمَّا جَاءَهُ أَلَيْسَ فِي جَهَنَّمَ مَثْوًى لِلْكَافِرِينَ﴾ «اللەقا يالغاننى چاپلىغان ياكى ھەق كەلگەندە ئۇنى ئىنكار قىلغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ جەھەننەمدە كاپىرلارغا جاي يوقمىدۇ؟ (ئەلۋەتتە بار)» (سۈرە ئەنكەبۇت 68- ئايەت).

2. ھەقنى «راست» دەپ تەستىقلاپ تۇرۇقلۇق، ئۇنى قوبۇل قىلغىلى ئۇنىماسلىق. يەنى تەكەببۇرلۇق قىلىش كۇفرىسى

بۇ دېگەنلىك — رەسۇلۇللاھ ﷺنى قەلبىدە بىلىپ ۋە تونۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا باش ئەگكىلى ئۇنىماسلىقتۇر. بۇ خىل تەكەببۇرلۇق كۇفرىسى شۇ ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇكى، بۇ خىل كۇفرىلىقنى سادىر قىلغان كىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېلىپ كەلگەن ۋەھيىنىڭ، ئىسلام دىنىنىڭ، شەرىئەتنىڭ ئۆز رەببى تەرەپتىن كەلگەن ھەق نەرسە ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىدۇ، لېكىن ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ ھەقنى ۋە ھەق ئەھلىنى كۆزگە ئىلماي رەسۇلۇللاھ ﷺگە ئەگىشىشنى رەت قىلىدۇ. مەسىلەن، ئىبلىسنىڭ كاپىرلىقىغا ئوخشاش. چۈنكى ئىبلىس الله تعالىنىڭ بۇيرۇقىنى ئىنكار قىلمىدى ۋە ئۇنىڭغا تانمىدى لېكىن الله تعالىنىڭ بۇيرۇقىغا ئۇنىماسلىق ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىش ئارقىلىق ھەققە قارشى تۇردى. الله تعالى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قَالُوا أَنُؤْمِنُ لَكَ وَاتَّبَعَكَ الْأَرْذَلُونَ﴾ «ئۇلار: <(ئى نۇھ!) ساڭا تۆۋەن تەبىقىدىكى ئادەملەر ئەگەشكەن تۇرسا، ساڭا بىز ئىمان ئېيتامدۇق؟> دېدى» (سۈرە شۇئەرانىڭ 111- ئايىتى).

3. يۈز ئۆرۈش كۇفرىسى

بۇ خىل كۇفرىنى سادىر قىلغان كىشى قۇلىقى ۋە قەلبى ئارقىلىق رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېلىپ كەلگەن نەرسىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ. يەنى رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېلىپ كەلگەن شۇ نەرسىنى «راست» دەپ تەستىقلىمايدۇ ۋە يالغانغىمۇ چىقارمايدۇ؛ رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېلىپ كەلگەن نەرسىگە دوستلۇق قىلمايدۇ ۋە دۈشمەنلىكمۇ قىلمايدۇ؛ ئۇنىڭغا ھېچبىر ۋاقىت «ئاڭلاپ باقاي» دەپ ئېتىبارىنى قاراتمايدۇ، دىققىتىنىمۇ قاراتمايدۇ؛ ھەقنى ئۆگىنەمەستىن ۋە ئەمەل قىلماستىن تاشلاپ قويىدۇ؛ ھەق سۆزلىنىدىغان ئورۇنلاردىن قاچىدۇ ياكى ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. مانا بۇ كىشى «يۈز ئۆرۈش كۇفرىلىقىنى سادىر قىلغان كاپىر» دېيىلىدۇ. بۇ ھەقتە الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ كَفَرُوا عَمَّا أُنْذِرُوا مُعْرِضُونَ﴾ «كاپىرلار ئاگاھلاندۇرۇلغان نەرسىلەردىن يۈز ئۆرۈگۈچىدۇر» (سۈرە ئەھقاف 3- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

4. شەك كۇفرىسى

بۇ خىل كۇفرىلىقنى سادىر قىلغۇچى كىشى رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ راستلىقىغا جەزم قىلالمايدۇ ۋە ئۇنىڭ يالغانچىلىقىغىمۇ جەزم قىلالمايدۇ بەلكى رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ ئىشىدا شەك قىلىپ قالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىشتە ئىككىلىنىپ قالىدۇ. ئەسلىدە مۇسۇلمان بەندىدىن تەلەپ قىلىنىدىغان نەرسە رەسۇلۇللاھ ﷺ رەببى تەرەپتىن ئېلىپ كەلگەن بارچە شەرىئەت ۋە مەلۇماتلارغا تەلتۆكۈس جەزم قىلىش ۋە ئۇنى «شەك-شۈبھىسىز ھەق» دەپ ئېتىقاد قىلىش، شۇڭا كىمكى رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېلىپ كەلگەن نەرسىگە ئەگىشىشتە ئىككىلىنىپ قالسا ياكى شەكلىنىپ قالسا ۋە ياكى «رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېلىپ كەلگەن نەرسە ھەققە قارشى بولۇشىمۇ مۇمكىن» دەپ قالسا، ئۇنداقتا بۇ كىشى شەك-شۈبھىسىز، شەك كۇفرىلىقى بىلەن كاپىر بولغان بولىدۇ. بۇ ھەقتە الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَلَمْ يَأْتِكُمْ نَبَأُ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِكُمْ قَوْمِ نُوحٍ وَعَادٍ وَثَمُودَ وَالَّذِينَ مِنْ بَعْدِهِمْ لَا يَعْلَمُهُمْ إِلَّا اللَّهُ جَاءَتْهُمْ رُسُلُهُمْ بِالْبَيِّنَاتِ فَرَدُّوا أَيْدِيَهُمْ فِي أَفْوَاهِهِمْ وَقَالُوا إِنَّا كَفَرْنَا بِمَا أُرْسِلْتُمْ بِهِ وَإِنَّا لَفِي شَكٍّ مِمَّا تَدْعُونَنَا إِلَيْهِ مُرِيبٍ﴾ «سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن نۇھ، ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىڭ ۋە ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن، (سانىنى) پەقەت الله بىلىدىغان ئۈممەتلەرنىڭ خەۋىرى سىلەرگە يەتمىدىمۇ؟ ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى مۆجىزىلەر بىلەن كەلدى، ئۇلار قوللىرى بىلەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئېغىزلىرىغا ئىشارەت قىلىپ (يەنى ئۇلارنىڭ سۈكۈت قىلىشىنى كۆرسىتىپ): <بىز سىلەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭلارنى ھەقىقەتەن ئىنكار قىلىمىز، بىز سىلەر دەۋەت قىلىۋاتقان ئىشتا ھەقىقەتەن زور گۇماندىمىز> دېدى» (سۈرە ئىبراھىم 9- ئايەت).

5. نىفاق (يەنى مۇناپىقلىق) كۇفرىسى

بۇ دېگىنىمىز — ئىسلام ۋە ياخشىلىقنى ئاشكارا قىلىش، كۇفرى ۋە يامانلىقنى يوشۇرۇش دېگەنلىكتۇر. بۇ — بەندىنىڭ قەلبىنىڭ ئەمىلىگە قارشى كېلىشى، تىل ئارقىلىق قەلبىدە يوشۇرۇن بولغان ئېتىقادقا قارشى سۆز ياكى قىلىقنى ئاشكارىلىشىدۇر. «مۇناپىق» دېگىنىمىز — سۆزى ئەمەلىيىتىگە، ئىچى سىرتىغا زىت كېلىدىغان كىشى بولۇپ، ئۇ ئىسلامغا بىر ئىشىكتىن كىرىپ يەنە بىر ئىشىكتىن چىقىپ كېتىدۇ: ئاشكارا ھالەتتە ئىمانغا كىرىپ يوشۇرۇن جەھەتتە چىقىپ كېتىدۇ. مانا بۇ «چوڭ مۇناپىقلىق»، «چوڭ نىفاق» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ھەقتە الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمِنَ النَّاسِ مَنْ يَقُولُ آمَنَّا بِاللَّهِ وَبِالْيَوْمِ الْآخِرِ وَمَا هُمْ بِمُؤْمِنِينَ﴾ «كىشىلەر ئارىسىدا اللەقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەندۇق دېگۈچىلەر بار، ھەقىقەتتە ئۇلار ئىشەنمەيدۇ (يەنى ئاغزىدا <ئىشەندۇق> دېگىنى بىلەن، كۆڭلىدە ئىشەنمەيدۇ)» (سۈرە بەقەرە 8- ئايەت).

شەرىئەتتە نىفاق (يەنى مۇناپىقلىق) ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:


بىرى، چوڭ نىفاق (ئېتىقادىي نىفاق)؛ يەنە بىرى، كىچىك نىفاق. دىندىن چىقىرىۋېتىدىغان «چوڭ نىفاق (يەنى ئېتىقادىي نىفاق)» دېگىنىمىز — قەلبتە كۇفرىنى يوشۇرۇش لېكىن تىل ۋە بەدەن ئەزالىرىدا ئىماننى ئاشكارا قىلىشتۇر. بۇ خىل تۈردىكى نىفاقتىن ئىمان بۇ كىشىدىن يوقاپ كېتىش ۋە ئۇ كىشىنىڭ جەھەننەمدە مەڭگۈ قېلىشىدىن ئىبارەت چوڭ كۇفۇردىن كېلىپ چىقىدىغان نەتىجىلەر مەيدانغا كېلىدۇ. لېكىن مۇناپىقنىڭ ئازابلىنىشى كاپىردىنمۇ قاتتىق بولىدۇ. چۈنكى مۇناپىق شۇ چوڭ نىفاقنىڭ ئۈستىدە ئۆلسە، جەھەننەمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ئازابلىنىدۇ.

الله نازىل قىلغان ۋەھيي ۋە شەرىئەتنى يالغانغا چىقىرىش، ياكى الله نازىل قىلغان شۇ شەرىئەتنىڭ بەزى قىسىملىرىنى يالغانغا چىقىرىش، ياكى رەسۇلۇللاھ ﷺنى يالغانچىغا چىقىرىش، ياكى رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېلىپ كەلگەن شەرىئەتنىڭ بەزىسىنى يالغانغا چىقىرىش، ياكى رەسۇلۇللاھ ﷺگە ئىتائەت قىلىشنى «ۋاجىب» دەپ قارىماسلىق، ئېتىقاد قىلماسلىق، ياكى رەسۇلۇللاھ ﷺنى ئۆچ كۆرۈش، ياكى رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ دىنىنىڭ غەلىبە قىلىپ قېلىشىنى ئۆچ كۆرۈش، ياكى ئىسلام بايرىقىنىڭ سۇندۇرۇلۇشى بىلەن خۇرسەن بولۇش، ياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان كۇفرى ئەمەللەرنى قەلبىدە ۋە باشقىلار كۆرمىگەن جايدا يوشۇرۇن قىلىش، لېكىن مۇسۇلمانلارغا مۇسۇلماندەك كۆرۈنۇش «چوڭ مۇناپىق» ياكى «چوڭ نىفاق ئەھلى» ۋە ياكى «چوڭ نىفاق» دېيىلىدۇ.

دىندىن چىقىرىۋەتمەيدىغان كىچىك نىفاق «ئەمەلىي نىفاق» دېيىلىدىغان بولۇپ، بۇ دېگەنلىك — كىشىنىڭ بەزى پەرز ئەمەللەردە ئىچى بىلەن سىرتىنىڭ ئوخشىماس بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. بىر كىشىنىڭ قەلبىدە ئىمانىنىڭ يىلتىزى مەۋجۇت، لېكىن شۇنداق تۇرۇقلۇق مۇناپىقلارنىڭ بەزىبىر قىلىقلىرىنى قىلىپ قويىدۇ. مانا بۇنداق كىشى دىندىن چىقىپ كەتمەيدۇ. بۇ كىشى خۇددى باشقا گۇناھلارنى قىلغان كىشىلەرگە ئوخشاشلا جەھەننەمدە مەڭگۈ قالماستىن بەلكى جەھەننەم ئازابىغا دۇچار بولىدۇ. مەسىلەن، سۆزلىگەندە يالغان سۆزلەش، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش، ئامانەتكە خىيانەت قىلىش، باشقىلار بىلەن ئۇرۇشۇپ قالسا ئېغىزنى بوزۇش، قاتتىق رەزىللىك قىلىش، ئەھدىگە خىيانەت قىلىش، بەزى ئەمەل-ئىبادەتلەردە رىيا قىلىش، باشقىلارغا دوستتەك كۆرۈنۈپ ئەمەلىيەتتە قەلبىدە ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىكنى يوشۇرۇش ۋە يەنە شۇنداقلا پەيغەمبەر ﷺنىڭ ھەدىسلىرىدە تىلغا ئېلىنغان نىفاق ئالامەتلىرى «كىچىك نىفاق» دېيىلىدۇ.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# پىرقىلەر تارىخى



## قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى خاۋارىجلار

### سەككىزىنچى، خاۋارىجلارنىڭ قوشۇمچە ۋە نەپسي (يەنى پسىخىكا ۋە خاراكتېرىگە ئالاقىدار) بولغان شەخسى سۈپەتلىرى

بۇ سۈپەتلەرنىڭ بىرى شۇكى، ئۇلارنىڭ يېشى كىچىك، ئارىسىدا بىلمەسلىك ۋە نادانلىق ھۆكۈم سۈرگەن شۇنداقلا ئۇلارنىڭ سەپلىرى توغرا يولدىكى ئۆلىمالاردىن خالىي قالغان. مانا بۇ مەزمۇن رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ: «خاۋارىجلار — ياشلىرى كىچىك...» دېگەن سۆزىدىن، يەنە رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ: «ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ، لېكىن قۇرئان ئۇلارنىڭ ھەلقۇملىرىدىن ئۆتمەيدۇ» دېگەن سۆزىدىن ئېلىنغان. بۇ مەزمۇن يەنە رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ: «ئۇلار قۇرئاننى ئوقۇيدۇ، قۇرئاننى <پايدىمىزغا ھۆججەت> دەپ ئويلىشىدۇ، ھالبۇكى، قۇرئان ئۇلارنىڭ زىيىنىغا ھۆججەتتۇر» دېگەن سۆزىدىن ئېلىنغان. مانا بۇنداق بولۇشى ئۇلارنىڭ قۇرئاننى چۈشەنمىگەنلىكى ۋە قۇرئاننىڭ تەلەپ-تەقەززاسىغا ئەمەل قىلمىغانلىقىدىن بولغان.

شۇنىڭدەك، بۇ مەنە ئۇلارنىڭ مۇتەشابىھ ئايەت-ھەدىسلەر كەلگەندە ھالاك بولۇپ كېتىشلىرىدىن ۋە ئۇلارنىڭ يامان ئىش-ھەرىكەتلەرنى قىلىدىغانلىقىدىن ئېلىنغاندۇر. بۇ مەنە يەنە ئۇلار ئۆزلىرىنى «ياخشى ئىش قىلدۇق» دەپ، ئەمەلىيەتتە يامان ئىش قىلىدىغانلىقلىرىدىن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە كاپىرلار ھەققىدە نازىل بولغان ئايەتلەرنى مۇئمىنلەرگە تەتبىقلىغانلىقلىرىدىن ئېلىنغاندۇر. مانا بۇ شەك-شۈبھىسىز نادان كىشىلەرنىڭ ئىشىدۇر.

ئىككىنچى سۈپەت — ئۇلارنىڭ نادان ۋە ئەخمەق ئىكەنلىكى. يەنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنىڭ نەتىجىلىرىنى

(ئاخىرى 3- بەتتە)

(بېشى 2- بەتتە)

مۆلچەرلىمەيدىغان ۋە ئاقىۋەتتە ئۆزلىرىگە قانداق زىيان ۋە بالايى-ئاپەتلەرنىڭ كېلىشىنى ئويلىمايدىغان دەرىجىدە ئەخمەق ۋە ئەقىلسىز كىشىلەر ئىكەنلىكلىرى. مەسىلەن، ئۇلار بىر ئىشقا قەدەم قويۇشتىن ئىلگىرى ئۇنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىمايدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلار شۇبھاتلار، گۇمانلار ۋە ئۆزلىرى «گۇناھ» دەپ قارىۋالغان، ئەمەلىيەتتە گۇناھ ئەمەس ئىشلار ئارقىلىق تۆكۈش ھارام بولغان قاننى تۆكۈشتىن ساقلانمايدۇ. مانا بۇ سۈپەت رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: «ئۇلار ئەخمەق (يەنى ئەقىللىرى كىچىك، چولتا)» دېگەن سۆزىدىن ئېلىنغان. «ئەخمەق» دېگەن — «ئىشىنىڭ ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلىمەيدىغان كىشى» دېگەن بولىدۇ.

ئۈچىنچى قوشۇمچە سۈپىتى — ئۇلارنىڭ بەلگىسى چاچلىرىنى چۈشۈرىۋېتىشتۇر. يەنى ئۇلار چاچلىرىنى يىلتىزىدىن چۈشۈرۈپ تاقىرباش قىلىۋېتىدۇ. مانا بۇ — رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: «ئۇلارنىڭ ئالامىتى — چاچلىرىنى چۈشۈرىۋېتىشتۇر» دېگەن سۆزىدىن ئېلىنغان. (ھازىرقى زاماندىكى خاۋارىجلار مانا بۇ قوشۇمچە سۈپەتكە ئالاھىدە دىققەت قىلغانلىقتىن چاچلىرىنى ئۇزۇن قويۇۋېتىشكەن. ئۇلار: «بىز خاۋارىجنىڭ ئاساسلىق سۈپەتلىرىنى ئۆزىمىزدە ھەرقانچە ھازىرلىغان بولساقمۇ، بىز پەقەت مۇشۇ چاچنى ئۇزۇن قويۇۋېتىش ئىشىنى قىلساقلا، بۇ ئارقىلىق خاۋارىجلىق ھۆكمىدىن ۋە سۈپىتىدىن چىقىپ كېتەلەيمىز ۋە كىشىلەر بىزنىڭ ھەقىقىي ھالىتىمىزنى ئۇقالماي قايمۇقۇپ قالىدۇ» دەپ ئويلىغان. مانا بۇ — ئىبلىسنىڭ ئۇلارنى قايمۇقتۇرغانلىقىدىندۇر.)

تۆتىنچى قوشۇمچە سۈپىتى — ئەدەپسىزلىك، ھاكاۋۇرلۇق ۋە بىلەرمەنلىك قىلىش. مانا بۇ سۈپەت ئۇلارنىڭ ئۇممەتنىڭ كاتتا چوڭ ئۆلىمالىرى بولغان ساھابىلەر ۋە ساھابىلەرگە قىيامەتكىچە ئەگىشىدىغان كاتتا ئالىملارغا بولغان ئەدەپسىزلىكى ۋە تىل ئۇزىتىشلىرىدىن ئېلىنغاندۇر.

بەشىنچى قوشۇمچە سۈپىتى — تەكەببۇرلۇق قىلىش، ھەقنى قوبۇل قىلماسلىق، كىشىلەرنى كۆزگە ئىلماسلىق ۋە باتىلدا ئاتىكاچىلىق قىلىش. مانا بۇ سۈپەت ئۇلارنىڭ ھۆججەت قايىم بوپ تۇرسىمۇ تا ئۆلگەنگە قەدەر ئۆزلىرىنىڭ شۇ باتىل مەنھەجلىرىدە مۇستەھكەم تۇرۇپ جەڭ قىلغانلىقىدىن ئېلىنغان سۈپەتتۇر. ئىمام غەززالى رحمه الله ئۆزىنىڭ «منهاج العابدين» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «نەپسى-خاھىشنىڭ مىسالى بىر خاۋارىجنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇكى، بۇ خاۋارىج دىندارلىق بىلەن جەڭ قىلىدۇ. ئۇ ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر ئۆزىنىڭ يولىدىن قايتمايدۇ».

دېمەك، مەقسەتكە كەلسەك، ئى ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن! سىزگە سۇنۇلغان مانا بۇ كىتابتىكى يۇقىرىقى سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى خاۋارىجلارنىڭ سۈپەتلىرى بولۇپ، سىز ئۆزىڭىزنى بۇ سۈپەتلەرگە توغرىلاپ بېقىڭ. ئەگەر سىز بۇ سۈپەت ۋە ئالامەتلەردىن پاك، ئادا-جۇدا بولسىڭىز، ﷲقا ھەمدۇ-سانا ئېيتىڭ. قانداق بىر كىشى ئۆزىدە خاۋارىجلارنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان سەككىز خىل ئومۇمىي سۈپەت ۋە ئالامەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى تاپقان بولسا ۋە تەۋبە قىلماي، ﷲقا قايتماي يۈرگەن بولسا، بۇ كىشى شەك-شۈبھىسىز ئەشەددىي خاۋارىج ۋە جەھەننەمنىڭ ئىتلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئېغىزىدا مىڭ قېتىم «مەن ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە» دەپ تۇرۇۋالسىمۇ بىكار. چۈنكى بۇ يەردە ئېتىبارغا ئېلىنىدىغىنى سۈپەتلەر تېپىلىشتۇر، ھەرگىزمۇ ئېغىزدا دەۋا قىلىپ قويۇش ئەمەس. شۇڭا قانداق بىر كىشىدە يۇقىرىقى سۈپەتلەردىن بىرەرسى تېپىلسا، ئۇنداقتا بۇ كىشى «ئۆزى ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ جۈملىسىدىن ئىكەن، لېكىن بۇ كىشىدە خاۋارىجنىڭ سۈپەتلىرىدىن مەلۇم بىر سۈپەت بار ئىكەن» ياكى «ئازراق خاۋارىجلىق ۋە ئاشقۇنلۇق بار ئىكەن» دېيىلىدۇ. شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە دەرھال ئۇ كىشى ئەنە شۇ بىر تال سۈپەت چوڭىيىپ، كېڭىيىپ، قارار ئېلىپ ھەتتاكى ئۇ كىشىنى خاۋارىجلارنىڭ قالغان سۈپەتلىرىگە ئېلىپ بېرىشتىن بۇرۇن ئۇنى يىلتىزىدىن داۋالاپ، قۇرۇتۇپ تاشلاشقا ئالدىرىشى ۋاجىبتۇر. الله تعالى بىزنى ۋە سىلەرنى خاۋارىجلارنىڭ بۇنداق سۈپەتلىرى ۋە ئالامەتلىرىدىن ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن! جىمى ھاۋايى-ھەۋەس ۋە بىدئەت ئەھلىنىڭ سۈپەتلىرىدىن ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن! ئى الله! دۇئايىمىزنى ئىجابەت قىلغىن! (ئامىن)

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

## ئىسلام ۋە بۈگۈنكى دۇنيا

## مانا بۇ — كىشىلەرگە يەتكۈزمەكچى بولغىنىمىز






ئى مۇسۇلمانلار! سىلەر ھۆرلۈككە ئېرىشكەنگە قەدەر ئىنقىلابىڭلارنى داۋاملاشتۇرۇڭلار. ئاتالمىش «سىياسىي ئىسلام» دېگەن ساختىپەزلىكتىن ئېھتىيات قىلىڭلار. چۈنكى بۇ «سىياسىي ئىسلام» غەرب تەرەپتىن خىزمەتكە قويۇلغان ئەرەب ھەربىي ۋە پادىشاھلىق تۈزۈمىنىڭ يوشۇرۇن يۈزىدۇر ھەمدە خەلقلەر نۆۋەتتىكى ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن قوزغىلاڭ قىلغان ۋاقىتتا ئەرەب ئىشغالىيەتچىلىرىنى ئورۇنباسار قىلىپ قويماقچى بولغان يانتاياقتۇر. غەرب ئىشغالىيەتچى كۈچلىرى مانا بۇ ئەرەب قوزغىلىڭىنى ئىسلام نامى بىلەن ئەھلى سەلب قوشۇنىنىڭ كونتروللۇقىغا ئەلتۈكۈس قايتۇرۇپ ئەكېلمىگۈچە توختىمايدۇ. مۇئمىن بىر تۆشۈكتىن يىگىرمە قېتىم چېقىۋېلىنمايدۇ. ئىسلام ئۇممىتىنىڭ خەلقلىرى ھەرقاچان ئىشغالىيەتچى غەرب كۈچلىرىگە قارشى قوزغىلاڭ قىلسا، غەرب ئىشغالىيەتچى كۈچلىرى شۇ رايوندىكى ئەرەب خىزمەتچى دۆلەتلىرىگە دىنىي، شەرئىي تۈس بېرىش ئارقىلىق شۇ يەردىكى ئىسلامىزمچى (يەنى سىياسىي ئىسلامچى) كىشىلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، بۇ قوزغىلاڭچى خەلقلەرنى ئۆز دائىرىسىگە قايتۇرۇپ ئەكەلدى. تۆۋەندە بىز بۇنىڭغا دائىر بىر نەچچە مىساللارنى بايان قىلىمىز:

بىرىنچى، 1952- يىلى يانۋاردا مىسىر خەلقىنىڭ بىرىتانىيە (ئەنگلىيە) گە قارشى ئېلىپ بارغان قوزغىلىڭى. بۇ قوزغىلاڭ قاھىرەنىڭ 50 كوچىسى ئوت بولۇپ يېنىشىغا سەۋەب بولدى. نەتىجىدە ناھايىتى زور كۆلەملىك بۇ خەلق قوزغىلىڭى ئىخۋانۇلمۇسلىمىن جامائىتى تەرىپىدىن قوللاپ قۇۋۋەتلەنگەن ئەركىن ئوفىتسېرلار تەشكىلاتىنىڭ ئىنقىلابىنى ئامېرىكىنىڭ تەرتىپكە سېلىپ بېرىشى ئارقىلىق ئاخىرلاشتى. ئىخۋان جامائىتى ئەزاسى يۈسۈپ نىدا دېگەن كىشى ئېتىراپ قىلغىنىدەك، بۇ ئىنقىلابنى چەتئەل كونسۇللىرى ھىمايە قىلغان ئىدى. ئەركىن ئوفىتسېرلار تەشكىلاتى ئىخۋانلارنىڭ قوللىشى ئارقىلىق بارچە پارتىيە ۋە تەشكىلاتلارنى چەكلىگەن ۋە مىسىرنىڭ كونتروللۇقىنى قولىغا ئالغان ۋاقىتتا، ئىخۋانلار ئۇلارغا قارشى قوزغالدى. ھەتتا مىسىر خەلقى يەنە بىر قېتىم ساداتقا قارشى قوزغىلاڭ قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈردى. بۇ ئىش «كامپ داۋىد كېلىشىمنامىسى» ئىشقا ئاشقاندىن كېيىن يۈز بەردى. ئامېرىكا بۇ ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ خىزمەتچىسى بولغان ھۆسنى مۇبارەكنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. ئامېرىكا ئۆزىنىڭ يېڭى خىزمەتچىسى بولغان بۇ ھاكىمىيەتكە (ياكى تۈزۈمگە) قانۇنىيلىق تۈسىنى بېرىش ئۈچۈن ئىخۋانلارنىڭ پارلامېنتقا كىرىشىگە يول ئېچىپ بەردى. ھۆسنى مۇبارەك «كامپ داۋىد ئىتتىپاقى» سەۋەبلىك مىسىرغا 30 يىل ھاكىملىق قىلدى. ئىخۋانلار رەئىسلىك سايلاملىرىدا كۆپ قېتىم ھۆسنى مۇبارەكنى يېڭىدىن قايتا سايلاشنى قوللايدىغانلىقىنى ئېلان قىلىشتى. بۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە مىسىر تۈرمىلىرى يۈزمىڭغا يېقىن مۇجاھىدلار بىلەن قايناپ كەتكەن ئىدى. بۇ مۇجاھىدلار ئامېرىكا زىئونىزم ئىشغالىيىتىنىڭ سىياسىتىنى ئىجرا قىلىدىغان مىسىر ھاكىمىيىتىگە (ياكى تۈزۈمگە) قارشىلىق كۆرسەتكەن كىشىلەر ئىدى. ئاندىن كېيىن مىسىر خەلقى 2011- يىلى ئەرەب باھارىدا ئۈچىنچى قېتىم قوزغالدى. شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا ھەربىيلەر بىلەن ئىخۋانلار ئوتتۇرىسىدا يېڭىدىن قايتا چۈشىنىش ھاسىل قىلىشقا موھتاج بولدى. چۈنكى ئۇلار مىسىر ھاكىمىيىتىنىڭ ئۆز نوپۇزى دائىرىسىدە داۋاملىشىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. بۇنى ئۇلار ئىلگىرى، يەنى 1952- يىلى تەجرىبە قىلىپ باققان ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل بولدى. مۇرسىي رەئىسلىككە سايلاندى. ئۇ سىسىنى مۇداپىئە مىنىستىرى قىلىپ تەيىنلىدى. سىسى كونتروللۇقىدىكى ئارمىيە خەلققە قارشى چىقتى ۋە خەلقنى يەنە بىر قېتىم ئىنقىلابقا قوزغىدى. ئىخۋانلار تىنچلىق يولىغا رىئايە قىلدى ۋە خەلق ئۇلارغا بەرگەن «ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت ھوقۇقى» دېگەنلەردىن ئۆزىنى چەتكە تارتتى. ئۇلار ئامېرىكا تەرەپتىن ئۆزلىرىگە مەجبۇرى تېڭىلغان ئويۇن قائىدىلىرىگە «بىزنىڭ تىنچلىق يولىمىز بومبىدىنمۇ كۈچلۈك» دېگەن ئاتالمىش شوئارى ئاستىدا رىئايە قىلىشتى. مانا بۇ — ئامېرىكا ئىشغالىيەتچى كۈچلىرىنىڭ مەقسىتى. يەنى ئۇلار ئەسكىرىي باندىتلىرى ئارقىلىق مىسىردا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى داۋاملاشتۇرماقچى. ئامېرىكا بۇ ئەسكىرىي باندىتلارنى كۆز ئالدىدا تەربىيىلەپ مىسىرغا ھاكىم بولۇشقا يېتىشتۈرگەن. ئامېرىكا بۇ باندىت ھۆكۈمەت ئارقىلىق ئۆزىنىڭ شۇ ئەرەب رايونلىرىدىكى مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنى ئىجرا قىلىدۇ. ئامېرىكىنىڭ بۇ قىلمىشى خۇددى بىرىتانىيە (ئەنگلىيە)نىڭ قىلمىشىغا ئوخشايدۇ. ئەينى چاغدا ئەنگلىيىمۇ سۇدانىنى مىسىر ئارمىيىسى ئارقىلىق ئىشغال قىلغان ھەمدە بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا قۇددۇس (پەلەستىن)نى ۋە مىسىر ئارمىيىسىنىڭ مەلۇم بىر دىۋىزىيىسى ئارقىلىق دەمەشقنى ئىشغال قىلىۋالغان. بۇ ئىش ئادمونت لىنبى دېگەن كىشىنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان. بۇ گېنېرال ئەينى چاغدا سەلب (يەنى كرېست) قوشۇنىنى سىنادىن پەلەستىن ۋە شام زېمىنىغا ئېلىپ كىرگەن كىشى ئىدى.

ئىككىنچى، سۇدان خەلقى 1985- يىلى پرېزىدېنت نەمىرىگە قارشى قوزغىلىپ، ئۇنى يىقىتتى ۋە تۈنجى ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەرەب ۋە غەرب ھاكىمىيەتلىرى سۇدان خەلقىنىڭ بۇ دىكتاتورا مۇھىتىدا ئېرىشكەن يۈزەكى (يەنى ئازراق) ئەركىنلىكى سەۋەبلىك سىقىلىشقا باشلىدى. بۇ ئىنقىلابتا نەمىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىش، جون كارناكىنى قوللاش ۋە 1989- يىلىدىكى بەشىر ئىنقىلابىنى تەرتىپكە سېلىش ئىشقا ئاشتى. بەشىرنىڭ بۇ ئىنقىلابى ئىسلام ھەرىكىتى ۋە پارس قولتۇقى دۆلەتلىرىنىڭ قوللىشى ئارقىلىق غەلىبە قىلدى. پارس قولتۇقى دۆلەتلىرى ئىنقىلاب بولۇپ 24 سائەتتىن كېيىن سۇدانىنى نېفىت بىلەن تەمىنلىدى. بەشىر ئامېرىكا كۈتكەن بارچە مەقسەتلەرنى ئىشقا ئاشۇرغاندىن كېيىن، سۇدان خەلقى سىياسىي جەھەتتە ئىدارە قىلىش كۆرۈنۈشلىرى ئىچىدىكى ئەڭ يامان بىر ھالەتنى باشتىن كەچۈرۈشنى داۋاملاشتۇردى. بەشىر ئىشقا ئاشۇرغان ئامېرىكىنىڭ مەقسەتلىرى ئىچىدە سۇدانىنى بۆلۈش ۋە ئىسلام نامىدىن نېفىت بايلىقلىرىدىن ۋاز كېچىش دېگەنلەر بار ئىدى. خەلقئارا تۈزۈم (يەنى ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ب د ت ۋە ناتو دېگەندەكلەر خەلقئاراغا تاڭغان تۈزۈم) ۋە ئامېرىكا تەرەپتىن خىزمەتكە قويۇلغان ئەرەب ھاكىمىيەتلىرى بەشىر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى. سۇداندىكى ئىسلامىي ھەرىكەت بەشىرگە قانۇنىيلىق تۈسىنى بېرىشتى. سۇداندىكى ئىسلامىي ھەرىكەت رەھبەرلىرى ۋە قوماندانلىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئىنقىلاب بولۇشتىن ئىلگىرى بەشىرنى تونۇمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشتى. ۋاھالەنكى، بەشىر بۇرۇن ئامېرىكىدىكى ھەربىي كۇرسلاردا ئەسكىرىي تەلىم ئالغان كىشى ئىدى.

ئۈچىنچى، 1988- يىلى ئالجىرىيە خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئالجىرىيە پرېزىدېنتى ئىبنى جەدىيب ئەركىن سايلام ئۆتكۈزدى. بەلەدىيە (شەھەرلىك ھۆكۈمەت) سايلىمىدا ئىسلام قۇتقۇزۇش فرونتى غەلىبە قىلدى. ئىككى يىلدىن كېيىن، يەنى 1991- يىلى ئىسلام قۇتقۇزۇش فرونتى پارلامېنت سايلىمىدا 80% ئاۋازغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن غەرب بۇنىڭغا چىدىماي پارتلىدى. فرانسىيە بۇ نەتىجىلەرنى رەت قىلدى. ئامېرىكىغا خىزمەت قىلىدىغان ئەرەب ھاكىملارمۇ ئوخشاش پارتلىدى. ھەربىي ئۆزگىرىش قىلىشقا تەييارلىق قىلىش ئىشى فرانسىيە-مىسىر بىرلەشمىسىنىڭ قوللىشى ۋە سەئۇدى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە قوللىشى ئارقىلىق ئىشقا ئاشتى. سەئۇدىنىڭ ئىقتىساد جەھەتتە قوللىشى تۆت مىليارد دوللاردىن ئېشىپ كەتكەن ئىدى. بۇ ھەربىي ئىنقىلاب ئىسلامىي جەھەتتە قانۇنىيلىققا موھتاج بولغان ئىدى. شۇ سەۋەبتىن «تېررورلۇققا قارشى كۈرەش قىلىش زۆرۈر» دېگەن باھانە-سەۋەب ئارقىلىق ھەربىي ئىنقىلاب بىلەن بىر سەپتە تۇرغان تىنچلىق ھەرىكىتى لىدىرى (رەئىسى) مەھبۇز نەھناھ ئوتتۇرىغا چىقىرىلدى. ئەمەلىيەتتە بۇ تېررورلۇق ھەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىۋاتقىنى ئەنە شۇ ھەربىيلەر بولۇپ، بۇلار قارا كۈنلەرگە تولغان 10 يىل مابەينىدە ئالجىرىيە خەلقىگە ئېغىر تېررورلۇق ھەرىكىتى يۈرگۈزگەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئالجىرىيىدىكى غەرب تەرەپتىن خىزمەتكە قويۇلغان بۇ سىياسىي ئىسلام بىلەن ئەنە شۇ ھەربىي ئىنقىلاب قىلغۇچى ئەسكەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى قەسەمداشلىق ۋە ئىتتىپاقداشلىق فرانسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلدى.

تۆتىنچى، يەمەن غەرب نوپۇزىدىن چىقىپ كەتكىلى ئاز قالدى. 1978- يىلى ئەلى سالىھ باشچىلىقىدىكى ھەربىي ئىنقىلابقا تەييارلىق قىلىش ئىشقا ئاشتى. بۇ ئىنقىلاب خەلقچىللىققا ئىگە بولغان ئىسلامىي قوللىغۇچىلارغا موھتاج بولدى. بۇنى قوللاش ئامېرىكا تەرەپتىن ئىشقا ئاشتى. يەنى سەئۇدى ۋە پارس قولتۇقى دۆلەتلىرى تەرىپىدىن قوللاپ قۇۋۋەتلەنگەن ئىسلاھ قىلىش ھەرىكىتى جامائىتى ئەلى سالىھنىڭ ھەربىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسلىق ئىتتىپاقدىشى بولۇپ داۋاملاشتى. ھەتتاكى ئەرەب باھارىدا يەمەن خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. بۇ قوزغىلاڭ غەرب تەرەپتىن خىزمەتكە سېلىنغان پارس قولتۇقى دۆلەتلىرىنىڭ تەشەببۇسنامىسى ئارقىلىق بېسىقتۇرۇلدى. بۇ تەشەببۇسنامە ئەلى سالىھ ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇنىيلىقىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈردى. بۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئەلى سالىھنىڭ نائىبى (مۇئاۋىنى) ھادىنى ئىشقا قويۇش ۋە ھادىنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغان ئىسلاھ ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىشقا ئاشتى. بۇ ئىسلاھ ھەرىكىتى ئاخىرقى ھېسابتا بۈگۈنكى كۈندىكى رىياد ۋە ئەبۇ زەبىدىكى قوماندان ۋە ئەمىرلەر بىلەن تۇگەشتى (يەنى ساتقىن ھۆكۈمەتلەر بىلەن بىرلىشىش يولىغا قاراپ ماڭدى).

بەشىنچى، مەغرىب (يەنى ماراكەش)تىكى پادىشاھلىق تۈزۈمى يىقىلغىلى تاس قالدى. بۇنىڭ سەۋەبى — 1981- ۋە 1984- يىلىدىكى ئېغىر بولغان ئىقتىسادىي كرىزىس ۋە خەلق نامايىشى ئىدى. بۇ نامايىشقا سوتسىيال سولچىل كۈچلىرى يېتەكچىلىك قىلغان بولۇپ، ھەسەن II ئىسلامچىلار

(ئاخىرى 4- بەتتە)

(بېشى 3- بەتتە)
ئۈچۈن ئىشنى ئېچىپ بەردى. ئۇنىڭ مەقسىتى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمىتىگە قانۇنىيلىق تۈسىنى بېرىش ئىدى. ھەتتاكى ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەد VI مۇ ئىسلامچىلارغا موھتاج بولغان بولۇپ، بۇنىڭ سەۋەبى — ئەرەب باھارى قوزغىلىڭىغا قارشى تۇرۇش ئىدى. بۇ ئەرەب باھارى قوزغىلىڭىغا مىليونلارچە ماراكەشلىك كىشىلەر قاتناشقان بولۇپ، ئۇلار مۇھەممەد VI نىڭ تەختىنى تەۋرەتكەن ئىدى. ھېلىقى ئاتالمىش سىياسىي ئىسلامچىلار بۇ قوزغىلاڭنىڭ ئۇتۇق قازىنىشىنى توسۇپ قويدى. ئۇلار (يەنى شۇ «تىنچلىق يولنى تاللايمىز، پارلامېنت يولى بىلەن ئىش قىلىمىز» دەيدىغان ئىخۋانۇلمۇسلىمىنغا ئوخشىغان سىياسىي ئىسلامچىلار) ھەر دائىم ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى بولسا غەرب نوپۇزى ئاستىدىكى زاپاس كۈچ بولۇش ۋە ماراكەش جەمئىيىتىنىڭ رېئاللىقىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىشنىڭ ئالدىنى توسۇشتىن ئىبارەت ئىدى.

دېمەك، ھازىرقى زاماندىكى ئاتالمىش ئىسلام دۇنيالىرىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئىخۋانۇلمۇسلىمىنغا ئوخشىغان سىياسىي ئىسلامىزمچىلار ۋە مانا مۇشۇنداق غەرب تەرەپتىن خىزمەتكە قويۇلغانلار (پارس قولتۇقى دۆلەتلىرى دېگەندەكلەر)نىڭ ھەممىسى غەرب تەرەپتىن پايدىلىنىش ئۈچۈن خىزمەتكە قويۇلغان خىزمەتچى دۆلەتلەر ھېسابلىنىدۇ.

ئالتىنچى، دەل شۇنىڭدەك، ئامېرىكا سىياسىي ئىسلامنىمۇ ئىراقنى ئىشغال قىلىۋېلىش ۋە ئىراق قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنى توسۇش ئۈچۈن خىزمەتكە سالدى. مەسىلەن، ئامېرىكا ئىراقتىكى «ئىسلام پارتىيىسى» دېگەن جامائەتنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت مەجلىسىگە ئېلىپ كىردى. بۇ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت مەجلىسىنى ئامېرىكا ھەربىي ھاكىمىيەت مەسئۇلى بىرىمېر قۇرغان ئىدى.

يەتتىنچى، فرانسىيە بىلەن ياۋروپا ئەرەب باھارى ھەرىكىتىدىن كېيىن سىياسىي ئىسلامچىلار بىلەن بولغان ئىتتىپاقداشلىق ئارقىلىق تۇنىستا سىبسى خىزمەتچى ھۆكۈمىتىنى قايتا ئوتتۇرىغا چىقاردى. ھەتتاكى ئاخىرىدا خىزمەتچى دۆلەتنى ئۆزىنىڭ ئارمىيىسىگە قايتۇرۇپ ئەكەلدى.

سەككىزىنچى، شۇنىڭدەك، بۇ مەنزىرە لىۋىيە ۋە سۈرىيەدىمۇ تەكرار مەيدانغا چىقتى. مەسىلەن، لىۋىيە بىلەن سۈرىيەدە سىياسىي ئىسلامنى خىزمەتكە سېلىش ئارقىلىق ھەقىقىي ئىنقىلاب كۈچلىرىنى چەتتە قالدۇرۇپ، خەلقئارالىق تەرتىپ بويىچە ئىنقىلابنىڭ سىياسىي يۈزىنى ياساپ چىقىش ئىشقا ئاشتى. ھەقىقىي ئىنقىلاب كۈچلىرىنى چەتتە قالدۇرۇشتىكى مەقسەت — خەلققە خەلقئارالىق ھەل قىلىش چارىلىرىنى تېڭىپ، ئەنە شۇ خىزمەتچى ھاكىمىيەتنى قايتا ئوتتۇرىغا چىقىرىشتۇر.

توققۇزىنچى، پارس قولتۇقى دۆلەتلىرىدە، بولۇپمۇ ئىئوردانىيەدە ئىخۋانلار بىلەن پادىشاھلىق تۈزۈمدىكى ھۆكۈمەتلەر ئارىسىدا ئىتتىپاقداشلىق كېلىشىمى ھەمىشە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. بۇ ئىتتىپاقداشلىق برىتانىيە (ئەنگلىيە)، ئاندىن قالسا ئامېرىكا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن ئىتتىپاقداشلىق ئىدى. بۇ ئىتتىپاقداشلىق بۇ ھاكىمىيەتلەرگە قارشى قوزغىلاڭدىن كېيىن يۈز بەرگەن ئىشلاردىن ھېچبىر تەسىرلەنمىگەن ئىدى. بۇ قوزغىلاڭلارنىڭ قۇربانلىرى بولسا ئەنە شۇ (ئىخۋانغا ئوخشىغان) سىياسىي ئىسلامچىلار ئۈچۈن سىزىلغان پىلانلارنى بىلمەستىن شۇ قوزغىلاڭغا قاتناشقان كىشىلەر ئىدى. ھەرگىزمۇ ئاتالمىش «خەلقپەرۋەر» دېيىلگەن خىزمەتچى ئەرەب ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئاساسلىق رەئىسلىرى ئەمەس ئىدى.

ئونىنچى، ماۋرىتانىيەدە سىياسىي ئىسلام بىلەن ھەربىي ئىنقىلاب ئوتتۇرىسىدىكى چۈشىنىشلەر مەيدانغا كەلدى. بۇ ئەسكىرىي ئىنقىلاب بولسا ۋەلىد ئابدۇلئەزىز 2008-يىلى پارلامېنت تەرەپتىن سايلانغان بىرىنچى رەئىس ۋەلىد شەيخكە قارشى ئېلىپ بارغان ئىنقىلاب ئىدى. سىياسىي ئىسلامچىلار ۋەلىد ئابدۇلئەزىزنىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ھەمكارلاشتى ۋە بۇ ھۆكۈمەتكە قانۇنىيلىق تۈسىنى بەردى. ئۇلار ۋەلىد ئابدۇلئەزىزنىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن بىرگە ئامېرىكا بىلەن فرانسىيە ھۆكۈمىتى «تېررورچى» دەپ ئىسىم قويغان جىھادىي جامائەتلەرگە قارشى تۇرۇشتى. ھەتتاكى ئاخىرىدا ۋەلىد ئابدۇلئەزىز ئەنە شۇ سىياسىي ئىسلامچىلارغا قارشى ئۆرۈلۈپ يېنىپ، سىياسىي ئىسلامچىلارنىڭ ۋەزىپىسىنى تاماملىدى.

سىياسىي ئىسلامچىلارنىڭ يۇقىرىقى بۇ شەرمەندىلەرچە خىزمەتكە سېلىنىش ئىشلىرى بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ ئۆزىدە ھەربىر ئىشلىگەن قىلمىشلىرىنى ئاقلايدىغانغا كۈچ-قۇۋۋەت ۋە قۇدرەت داۋاملىشىپ كەلدى. بۇ قىلمىشلار دائىم ئەنە شۇ ئامېرىكىغا خىزمەت قىلىۋاتقان ئەرەب ھۆكۈمەت تۈزۈملىرىگە ۋە غەرب ئىشغالىيەتچى كۈچلىرىگە خىزمەت قىلىشتا گەۋدىلەندى. غەرب ئىشغالىيەتچى كۈچلىرى خىزمەتكە سېلىنغۇچى ئەرەب ھۆكۈمەتلىرى ۋە غەربكە خىزمەت قىلغۇچى دۆلەتلەر ئىچىدە ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشكەن، خەلقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن، خەلققە ۋەكىل ھېسابلانغان «سىياسىي ئىسلام»نىڭ داۋاملىشىشىغا ھېرىس بولۇپ كەلدى. لېكىن بۇنداق سىياسىي ئىسلامنىڭ داۋاملىشىشىنىڭ شەرتى — «سايكىس بېيكو شەرتنامىسى» تۈزۈلگەندىن تارتىپ كرىست قوشۇنلىرىنىڭ ھەربىي تەرتىپلىرىنى ئېتىراپ قىلغان بولۇش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يۇرتۋاز دۆلەتلەرنىڭ قانۇنىيلىقىنى ۋە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان (يەنى غەرب تەرەپتىن خىزمەتكە قويۇلغان) دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەت تۈزۈملىرىنى ئېتىراپ قىلىش، «ئۈممەت، خىلاپەت، ئىسلامىي دۆلەت، شەرىئەتنى بەرپا قىلىش، غەرب ئىشغالىيەتچىلىرىگە ۋە غەرب ئىشغالىيەتچى كۈچلىرىنىڭ شۇ رايوندىكى نوپۇزىغا قارشى جىھاد قىلىش» دېگەن غايىدىن ۋاز كېچىش قاتارلىقلار ئىدى.

— دوكتۇر ھاكىم مۇتەيرى

## سەبىيلەر سەھىپىسى

1. تۆۋەندىكى تېپىشماقلارنى قېنى كىم تېز ھەم توغرا تاپالايدۇ؟
ئاجايىپ بىر جانىۋار،
تاشتىن قاتتىق تونى بار.
دەسسەپ ئۆتسە تراكتور،
پەسەنت قىلماي جىم تۇرار.
2. تۆۋەندىكى تېپىشماقنى تېپىپ بېقىڭ!
ئاپئاق يۇملاق بىر كورا،
ئىچىدە ئىككى خىل دورا.
ئالدىنقى ساندىكى تېپىشماقنىڭ جاۋابى:
قىزىلچا

# جىهاد چەشمىلىرى

■ تاجاۋۇزچى خىتاينىڭ زوۋانى بولغان ئاتالمىش «شىنجاڭ گېزىتى»دە خەۋەر قىلىنىشىچە، يېقىندا مەدەنىيەت ۋە ساياھەت مىنىستىرلىقى سانلىق مەلۇمات مەركىزى ئېلان قىلغان مەلۇماتتا 28 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە شەھەر ئىچىدە شەرقىي تۈركىستانغا كەلگەن ساياھەتچى سانى ۋە ساياھەت كىرىمى بۆلتۈرقىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 70% تىن كۆپرەك ئاشقان. تاجاۋۇزچى خىتاينىڭ چاغانلىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە شەرقىي تۈركىستانغا كەلگەن خىتاي ساياھەتچىدىن جەمئىي 3 مىليون 11 مىڭ 700 ئادەم قېتىمدىن كۆپرەك كۆتۈۋېلىنىپ، بۆلتۈرقىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 71.33% ئاشقانلىقى؛ 3 مىليارد 616 مىليون يۈەن ساياھەت ئومۇمىي كىرىمى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، بۆلتۈرقىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 74.42% ئاشقانلىقى خەۋەر قىلىنغان.

■ 2-ئاينىڭ 15-كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ شابىللاھا ھۇسى ۋىلايىتىدىكى بالادۇكلى ئايرودرومىغا جايلاشقان تاجاۋۇزچى ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ ھەربىي بازىسىغا قارىتا توپ قورال ھۇجۇمى ئېلىپ بارغان. بۇ بومباردىماندا شۇ بازىنىڭ مەسئۇلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈچ نەپەر ئامېرىكا ئەسكىرى ئۆلۈپ، سەككىز نەپەر ئەسكەر يارىلانغان. ئۇنىڭدىن باشقا ماددىي زىيانلارمۇ بولغان.

■ 2-ئاينىڭ 15-كۈنى بەششار ئەسەد كۈچلىرى سۈرىيىنىڭ ئىدلىب ۋىلايىتىنىڭ خانشەيخۇن شەھىرىگە قارىتا توپ قورال ھۇجۇمى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە سەككىز نەپەر مۇسۇلمان خەلق ھاياتىدىن ئايرىلغان ۋە توققۇز نەپىرى يارىلانغان.

■ 2-ئاينىڭ 15-كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى قەندىھار ۋىلايىتىنىڭ شۇراباق رايونىدا ساتقىن ئارمىيىنىڭ بىر ئەسكىرىي بازىسىنى فەتھە قىلىپ، 20 نەپەر ئەسكەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە كۆپ مىقداردىكى قورال-ياراق ۋە ئوق-دورىلارنى غەنىيمەت ئالغان.

■ 2-ئاينىڭ 17-كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ ھىران ۋىلايىتىنىڭ گالاكسى شەھىرىگە جايلاشقان تاجاۋۇزچى جىبۇتى ئەسكەرلىرىنىڭ ھەربىي بازىسىغا قارىتا توپ قورال ھۇجۇمى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 17 نەپەر تاجاۋۇزچى ئەسكەر ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

■ 2-ئاينىڭ 18-كۈنى سومالىنىڭ گېزۇ ۋىلايىتىنىڭ ئىيۇل ئۇداي شەھىرىدە 10 نەپەر سومالى ھۆكۈمەت ئەسكىرى مۇجاھىدلارغا تەسلىم بولغان.

■ 2-ئاينىڭ 19-كۈنى ئافغانىستاننىڭ بەلخ ۋىلايىتىدىكى 72 نەپەر ساقچى ۋە ھۆكۈمەت ئەسكىرى مۇجاھىدلارغا تەسلىم بولغان.

■ 2-ئاينىڭ 19-كۈنى تاجاۋۇزچى ئامېرىكا ئەسكەرلىرى بىلەن ساتقىن ئافغان ئەسكەرلىرى ئافغانىستاننىڭ كاپىسا ۋىلايىتىنىڭ تاگاب رايونىغا قارىتا باستۇرۇش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىپ، 100 يىللىق تارىخقا ئىگە «مىياكول» ئىسىملىك مەشھۇر دىنىي مەدرىسىنى كۆيدۈرىۋەتكەن. 100 يىللىق تارىخقا ئىگە بۇ مەدرىستىن مىڭلىغان ئافغانىستان ئۆلىمالىرى يېتىشىپ چىققان ئىكەن.

ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى بۇ ئەمەلىيەتكە قارىتا بايانات چىقارغان بولۇپ، بۇ باياناتتا ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى ئىمارەت مۇجاھىدلىرىغا ئافغانىستاندىكى تاجاۋۇزچى ئامېرىكا ۋە ساتقىن ئافغان ھۆكۈمىتىنىڭ ئىستىخبارات ۋە باشقا مۇھىم مەركەزلىرىگە قارىتا كەڭ كۆلەمدە قاتتىق زەربە بېرىشكە بۇيرۇق چۈشۈرگەن.

■ 2-ئاينىڭ 20-كۈنى مىسىر ھۆكۈمىتى «2015-يىلىدىكى پارتلىتىش ئەمەلىيىتىدە ئۆلتۈرۈلگەن مىسىرنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى باش سوتچىسى ھىشام بەرەكەتنى قەستلىگەن» دېگەن تۆھمەت بىلەن قولغا ئالغان توققۇز نەپەر مۇسۇلمان يىگىتكە ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلغان.

2013-يىلى مۇھەممەد مۇرسىنى سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىش ئارقىلىق ئۆرۈۋېتىپ ئورنىغا چىققان مۇرتەد سىسى مىسىردىكى مۇسۇلمان خەلقلەرنى تۇتۇپ، ھەرخىل تۆھمەتلەر بىلەن تۈرمىگە تاشلاش، ئېغىر بولغاندا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش قاتارلىق ئېغىر بېسىملار بىلەن قىيناماقتا.

■ 2-ئاينىڭ 21-كۈنى مۇھەممەد بىن سالمان پاكىستان ۋە ھىندىستان زىيارىتىدىن كېيىن خىتايغا يېتىپ كەلگەن. ئۇ ئىككى كۈنلۈك زىيارەت داۋامىدا ئەڭ چوڭ تىجارەت ئىتتىپاقدىشى بولغان خىتاي بىلەن 28 مىليارد دوللارلىق 35 تۈرلۈك ئىقتىسادىي ھەمكارلىق توختامى ئىمزالىغان. ئۇنىڭدىن باشقا، سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ «ئارامسو» نېفىت شىركىتى خىتايدا نېفىت ئايرىش زاۋۇتى قۇرۇش ئۈچۈن 10 مىليارد دوللارلىق توختام ئىمزالىغان.

سەئۇدى ئەرەبىستان بىلەن خىتاينىڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىقى قويۇق بولۇپ، ئالدىنقى يىلى ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى تىجارەت سوممىسى 63 مىليارد دوللارغا يەتكەن ئىكەن.

زىيارەت داۋامىدا مۇھەممەد بىن سالمان سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى پۇتكۇل مەكتەپ ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ دەرس پروگراممىسىغا خىتاي تىلىنى كىرگۈزۈشكە قوشۇلغان.

مۇھەممەد بىن سالمان شەرقىي تۈركىستاندا بولۇۋاتقان زۇلۇملارغا قارىتا: «خىتاي ئۆز دۆلىتىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن تېررورىزم ۋە زوراۋانلىقنى يوقىتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش ھەققى بار» دېگەن.

■ ئالدىنقى ھەپتە بەششار ئەسەد ئارمىيىسى ئىدلىب ۋىلايىتىنىڭ بىر قانچە يېزىسىغا قارىتا توپ قورال ھۇجۇمى ئېلىپ بارغان بولۇپ، بۇ ھۇجۇمدا ئاياللار ۋە بالىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قانچە نەپەر مۇسۇلمان خەلق ھاياتىدىن ئايرىلغان. 2-ئاينىڭ 22-كۈنى مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز بۇ ھۇجۇملارغا قارشى جاۋاب قايتۇرۇپ، ھاما ۋىلايىتىنىڭ جۇرىن يېزىسىغا جايلاشقان ھەربىي بازىغا قارىتا توپ قورال ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. يېتىپ كەلگەن مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ ئەمەلىيەتتە بەششار ئەسەد ئەسكەرلىرىدىن 14 نەپىرى ئۆلۈپ، 22 نەپىرى يارىلانغان.

■ 2-ئاينىڭ 22-كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى قەندىھار ۋىلايىتىنىڭ مەرۇف رايونىنى مۇكەممەل فەتھە قىلغان. بۇ رايون مۇجاھىدلارنىڭ مۇھاسىرىسىدە تۆرۋۋاتقىلى ئىككى يىل بولغان بولۇپ، بۇ رايوندىن كۆپلىگەن غەنىيمەتلەر چۈشكەن.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى مۇجاھىدلار قەندىھار ۋىلايىتىنىڭ رېگىستان، شورابىك، مىيانشىين ۋە غورك رايونلىرىنىمۇ ساتقىن ئافغان ھۆكۈمىتىدىن قايتۇرۇۋالغان ئىدى.

■ 2-ئاينىڭ 24-كۈنى نۇسرەتۇل ئىسلام ۋەلمۇسلىمىن جامائىتى مۇجاھىدلىرى مالىنىڭ پايتەختى باماكوغا جايلاشقان «كولىكورو» ناملىق ئەسكىرىي بازىغا قارىتا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. بۇ ئەمەلىيەت دەسلەپتە پىدائىيلىق قىلىش بىلەن باشلىنىپ، ئارقىدىن ئالتە نەپەر ھۇجۇمچى قېرىندىشىمىز بازا ئىچىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن. بۇ بازىدا مالى ئەسكەرلىرىنى مەشىقلەندۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئەسكەرلىرىمۇ بار بولۇپ، بۇ ئەمەلىيەتتە تاجاۋۇزچى ئەسكەرلەردىن بىر قانچىسى ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

■ 2-ئاينىڭ 25-كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن ئامېرىكا ۋەكىللىرى قاتارنىڭ پايتەختى دوھادا يەنە بىر قېتىم يىغىن ئاچقان. بۇ — ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى بىلەن ئامېرىكىنىڭ 5-قېتىملىق كۆرۈشۈشى ھېسابلىنىدۇ. بۇ يىغىنغا يېقىندا پاكىستان تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىلگەن ۋە موللا مۇھەممەد ئۆمەر رەھىمەھۇللاھنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك سابىق مەسلىھەتچىلىرىدىن بولغان موللا باھادىر ئاخۇنمۇ قاتناشقان.

ئىمارەت باياناتچىسى زەبىھۇللاھ مۇجاھىد: «بۇ يىغىنلارنىڭ ھەممىسىدە بىزنىڭ قويىدىغان بىرىنچى شەرتىمىز شۇكى، تاجاۋۇزچى قوشۇننىڭ ھەممىسى ئافغانىستان زېمىنىدىن دەرھال چىقىپ كېتىشى كېرەك» دېگەن.

بۇ يىغىن 2-ئاينىڭ 27-كۈنى ئىككى كۈنلۈك توختىتىلغان بولۇپ، 3-ئاينىڭ 2-كۈنى يەنە داۋاملىشىدىكەن.

■ 2-ئاينىڭ 25-كۈنى مۇجاھىدلار سۈرىيىنىڭ ئىدلىب ۋىلايىتىنىڭ كەتبەتۇل مەھجۇرا ئالدىنقى سەپ رايونىدا بىر بىنانىڭ ئەتراپىغا توپلىشىۋالغان بەششار ئەسەد ئەسكەرلىرىنى «TOW» ناملىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا بىلەن نىشانلاپ، ئاز دېگەندىمۇ 10 نەپەر ئەسكەرنى ئۆلتۈرگەن.

■ 2-ئاينىڭ 27-كۈنى پاكىستاننىڭ ھاۋا تەۋەلىكىگە كىرگەن ھىندىستان ئارمىيىسىنىڭ ئىككى دانە كۈرەشچى ئايروپىلانى پاكىستان ھاۋا ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئېتىپ چۈشۈرۈۋېتىلگەن، نەتىجىدە ئىككى نەپەر ئۇچقۇچىنىڭ بىر نەپىرى ئۆلۈپ، يەنە بىر نەپىرى پاكىستان ئارمىيىسىگە ئەسىرگە چۈشكەن.

## ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىرىي تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تېببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەممىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالىنىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته